# 257914 ـ مۇسۇلمان كىشىنىڭ بار ياكى يوق يېرىدە ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدا

**سۇئال**

بىر ئادەمنى يوق يېرىدە سوغۇققان دەپ سۆيەتلەش غەيۋەت ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ سۆزنى ئاچچىقلىنىپ تۇرغاندا دىسەممۇ غەيۋەت بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام غەيبەتنىڭ چەك-چېگراسىنى ئوچۇق بېكىتىپ بەرگەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن: غەيبەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟، دەپ سورىغاندا، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ، دېيىشكەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: قېرىندىشىڭنى ياقتۇرمايدىغان سۆيەت بىلەن تىلغا ئېلىشىڭ، دېۋىدى، ئۇلار: شۇ سۆيەت قېرىندىشىمدا بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: سەن دېگەن سۆيەت ئۇنىڭدا بولسا ئۇنىڭ غەيبىتىنى قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭدا بولمىسا ئۇنىڭغا بۆھتان قىلغان بولىسەن دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى2589].

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ "ئەل مۇئەتتا" 3-توم 150-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: غەيۋەت دېگەن نىمە؟ سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: بىر كىشىنى ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدىغان سۆيەت بىلەن تىلغا ئېلىشىڭ دېدى، ئۇ كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شۇ سۆيەت ئۇ كىشىدە بولسىچۇ؟ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەگەر يوق بولسا ئۇنىڭغا بۆھتان قىلغان بولىسەن دېدى. [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 1992 -نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىككىنچى:

غەيۋەت دېگەن؛ گېپى قىلىنغان كىشى يوق جايدا بولىدۇ، ئەمما بار جايدا يۈزىنى چۈشۈرۈش بولسا تىللىغانلىق ۋە دەشنام قىلغانلىق بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ چەكلەنگەن ئىشتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇرۇشۇش كۇپۇرلۇقتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 48- ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 64-ھەدىس].

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ھەسەت قىلىشماڭلار، ئالداشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر_بىرىڭلاردىن يۈز ئورۈشمەڭلار، بەزىڭلار_بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، بىشىغا كۈن چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، تەقۋالىق مانا بۇ يەردە دەپ، ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى، ئاندىن: بىر كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئابرۇيىغا چېقىلىشى ھارامدۇر، دىدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 2564–ھەدىس].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كۆچلۈك قاراشتا غەيۋەتنىڭ غەيۋەت دەپ ئاتىلىشى ئۇ ئايرىلىپ چىققان تۆپ سۆزگە رىئايە قىلغانلىقتىن بولۇپ، لۇغەت ئالىملىرىمۇ بۇنى جەزىملەشتۈرگەن.

ئىبنى تىين مۇنداق دەيدۇ: غەيۋەت دىگەن بىر ئىنساننى يوق ۋاقتىدا ياقتۇرمايدىغان سۆپەت بىلەن سۆپەتلەشتۇر. ئەللامە زەمەخشەرىمۇ شۇنداق بىكىتكەن.

ئەبۇ نەسىر قۇشەريي تەپسىر كىتابىدا، ئىبنى خەمىيس دىگەن ئالىم غەيبەت توغرىسىدىكى ئايرىم بىر بۆلىكىدە، ئىبنى مۇنزىر ۋە ئاخىرقىسى كەرمانيي بولغان باشقا ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: "غەيۋەت دىگەن گەرچە راست بولسىمۇ، بىر ئىنساننىڭ يوق يېرىدە، ئۇ كىشى ئاڭلىسا ياقتۇرمايدىغان بىر سۆپەت بىلەن ئۇنى سۆپەتلەشتىن ئىبارەتتۇر. ["پەتھۇل بارى" 10–توم 469–بەت].

جۇرجانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"غەيۋەت دىگەن بىر ئىنسان يوق ۋاقتىدا ئۇنىڭدا بار، ناچار سۆپەتلىرىنى تىلغا ئىلىشتۇر، ئەگەر ئۇ كىشىدە ئۇ سۆپەتلەر بولمىسا بۆھتان بولىدۇ، بار يېرىدە دىسە دەشنام بولىدۇ". ["ئەتتەرىپات" 163 –بەت].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: سىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزنى: "بىر ئىشقا ئىغىر ئادەم" دىيىشىڭىز كوچا تىلىدا تەبئىتى، سۆزى ۋە پىرىنسىپى ئىغىر بولغانلىقتىن سورۇنداش بولۇش ياقتۇرۇلمايدىغان ئىغىر كىشى دىگەنلىك بولۇپ، ھەر قانچە ئاچچىقلىنىپ دىسىڭىزمۇ ئۇ چەكلەنگەن غەيۋەت بولىدۇ، ئاچچىقلىنىش سىزگە يامانلىق قىلمىغان بىر قېرىندىشىڭىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈشنى توغرا قىلىپ بىرەلمەيدۇ.

غەيۋەت قىلغۇچىغا قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەر بايان قىلىندى، ئەگەر سىزنىڭ دىگەن سۆزىڭىز قېرىندىشىڭىزغا يەتكەن بولسا دەرھال ئۇنىڭغا ئۆزۈر ئىيتىپ، كەچۈرۈم سوراڭ، ئۇنىڭغا يەتمىگەن بولسا ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ قېرىندىشىڭىز ئۈچۈن ئاللاھدىن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەڭ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 23328 _ نۇمۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.